# ئاخىرەتنى دۇنيالىققا ساتقان كىشىلەر توغرىسىدا

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ سەلاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەلبۇدەير

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2010 - 1431

islamhouse.com

# ﴿يا من باع دينه بدنيا فانية﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ صلاح بن محمد البدير

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2010 - 1431

islamhouse.com

# ئاخىرەتنى دۇنيالىققا ساتقان كىشىلەر توغرىسىدا

2010 -يىلى 04- ئاينىڭ 02- كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

مەدىنە مۇنەۋۋەرە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئاللاھنى مەدھىيىلەپ رەسۇلۇللاھقا دۇرۇت-سالام يوللىغاندىن كېيىن جۈمە نامىزى ئۈچۈن توپلاشقان يۈزمىڭلىغان جامائەتكە "مۇئامىلە ئىشلىرىدا شەرىئەت پرىنسىپىنى لازىم تۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى" توغرىسىدا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئىسلام دىنىدا مۇئامىلە قائىدىلىرى، ۋاكالەت ئاساسلىرى، سودا-سېتىق ۋە ئالماشتۇرۇش، سودىدا راستچىل ۋە ئامانەتدار بولۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى، ئاللاھ تائالانىڭ :«ئى مۆمىنلەر! بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا - سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا.» دېگەن بۇ سۆزىگە تايىنىدۇ.

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ مېلىنى شەرىئەت چەكلىگەن ياكى ناھەق يوللار بىلەن يەۋېلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى دىنى قېرىنداشلىق دېگەن ئىنسانىي مېھرى-شەپقەتنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر مۇسۇلمانغا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ قېنى ۋە يۈز ئابرۇيىنى تۆكۈش، مېلىنى يەۋېلىش ھارام بولىدۇ». ئىنسانىي قېلىپتىن چىققان تاماخورلار دائىم باشقىلارنى ئالداش يولىدا ھەركەت قىلىدۇ، ئاجىز-بىچارىلەرنىڭ

مۇھتاجلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىۋېلىش، ھوقۇق-مەنپەئەتىنى ئىگەللىۋېلىش، مەنسەپ-ئابرۇيىغا تايىنىپ باشقىلارنى قاقتى سوقتى قىلىش، ساختا مېھرى-شەپقەت كۆرسىتىپ باشقىلارنى تۇزاققا دەسسىتىشكە ئۇرىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز بويامچىلىقى مەلۇم بولۇپ، ئەپتى-بەشىرىسى ئاشكارا بولغاندىمۇ ھايا قىلماستىن ياكى خىجىل بولماستىن تىجارەت ساھەسىدە كېلىشىملەرنى بۇزۇپ، ۋەدىلەرنى بېرىپ، ھىلى-مىكىر يوللىرى بىلەن تىجارەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك كىشىلەر مەبلەغ سېلىش، پاي قوشۇش ۋە ھەمكارلىشىش نامىدىكى ساختا يوللار بىلەن كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلايدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارغا بىر زامان كېلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا كىشى مالنى ھالالدىن تاپتىمۇ ياكى ھارامدىنمۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ».

ئۆز دىنىنى، پاك ئەقىدىسىنى، ۋەتىنى ۋە مىللىتىنى ئازغىنە دۇنياغا تېگىشكەنلەر ۋە تېگىشىۋاتقانلار، ئىنسانلارنىڭ مال-مۈلكىنى ھىلى-مىكىر بىلەن ئالداپ يېگەنلەر ۋە يەۋاتقانلار! قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتىنى، ھەممىدىن ئۇلۇغ بولغان ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىشنى، مال-دۇنيانىڭ مەنپەئەت قىلمايدىغانلىقىنى ئەسلەڭلار. جىنايەتچىلەرنىڭ زەنجىر-كىشەنلەر بىلەن باغلىنىپ، ھەر بىر خىيانەتچى ئۆچۈن بىردىن بايراق تىكلىنىپ، بۇ پالانى خىيانەتچى دەپ ئېلان قىلىنىدىغان كۈننى ئەسلەڭلار. بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك ھە!. جەھەننەمنى ئازغىنە پۇلغا

سېتىۋالغان، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يوقالغۇچى، ئەرزىمەس نەرسىلەر بىلەن يۈزلەنگەن كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!.

ئىسلام شەرىئىتى قىمار ئويناش، رامباللىق قىلىش، سېھىرگەرلىك قىلىش، تۇمار پۈتۈش، تاماكا، نەشە، ھاراق، زەھەرلىك چېكىملىك، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان دىندا چەكلەنگەن نەرسىلەرنى سېتىش، ئوغۇرلۇق قىلىش، پەسكەشلىك، بۇلاڭچىلىق، كىشىلەرنىڭ ھەققىگە تېنىۋېلىش، مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش، خالىغانچە مال باھاسىنى ئاشۇرۇش، ھىيلى ئىشلىتىش، بۇلاش، جىڭ-تورۇزىلاردا كام بېرىش، جازانىخورلۇق بىلەن مۇئامىلە قېلىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، ۋەخپە ئورۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تالان-تاراج قىلىش، ۋەسىيەت قىلىنغان ماللارنى جايىغا ئىشلەتمەسلىك قاتارلىق ھارام يوللار بىلەن ھاياتلىقتا ئۆزىگە چىقىش يولى تاللىغانلارنى ئۇلار دۇچ كېلىدىغان خەتەرلىك ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇردى. كەئەب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھارامدىن ئۆسكەن گۆشكە دوزاخ ئوتى بەك لايىق».

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنىڭ كەمبەغەل بولۇپ قېلىشىڭلاردىن قورقمايمەن لېكىن ئىلگىرىكىلەرگە دۇنيا يۈزلەنگەندەك سىلەرگىمۇ دۇنيا يۈزلىنىپ، ئۇلار ھالاك بولغاندەك سىلەرنىڭمۇ ھالاك بولۇپ كېتىشىڭلاردىن قورقىمەن».

ھارام يېگەن كىشى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قېلىنىدۇ، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنمايدۇ. ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈستى-بېشى

چاڭ-توزانغا مىلەنگەن مۇساپىر، قولىنى ئاسمانغا سوزۇپ: ئى پەرۋەردىگارىم! ئى پەرۋەردىگارىم! دەپ دۇئا قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكلىرى هارامدىن، ئۆزىمۇ هارامدىن غىزالانغان تۇرسا، ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت قىلىنسۇن؟!».

ئى ئاخىرەتتىكى هېساب-ئازابقا ئىشەنگەن مۇسۇلمانلار! هەقىقەتەن سىلەر ئىنچىكە تەكشۈرۈلۈپ، سۇئال-سوراق قىلىنىپ قىساس ئېلىنىپ، بولغاندىن كېيىن جازالاش ياكى مۇكاپاتلاش توغرىسىدا هۆكۈم قىلىنىسىلەر.

ئەبى هۇرەيرە رەزىيەللاهۇئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر مۇپلىسنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟، دەپ سورىغاندا ساهابىلار: مۇپلىس دېگەن بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى پۇللىرى يوق ۋە ماللىرى يوق كىشىلەر- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: هەقىقەتتە مۇپلىس دېگەن مېنىڭ ئۈممەتلىرىمدىن قىيامەت كۈنى ناماز ۋە روزا ۋە زاكاتدىن ئىبارەت ياخشى ئەمەللەر بىلەن كەلگەن، كىشىلەرگە ئازار قىلغان، بىرىگە بۆهتان چاپلىغان ۋە بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن كىشىلەر بولۇپ، قىساسى ئۇچۇن ياخشىلىقلىرىدىن ئۇنىڭغا ئازراق، بۇنىڭغا ئازراق ئېلىپ بېرىلىپ هەتتا ياخشىلىقلىرى تۈگەپ كەتكەندە باشقىلارنىڭ گۇناهلىرىنى ئۆزىگە ئارتىۋالغان كىيىن دوزاخقا تاشلانغان كىشىدۇر».

ئاللاه تائالا هەممىمىزگە هالال رىزقلارنى ئاتا قىلىپ، هارامدىن يىراق قىلسۇن.